## 6622 ـ قۇللۇق قىلىشنىڭ ئىسلامدىكى مەنىسى

### سۇئال

قۇللۇق قىلىشنىڭ (ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ۋە كىشىلەرگە قۇللۇق قىلىش) ئىسلامدىكى مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرسەڭلار.

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشى بولسا ئۇ كىتابىدا بۇيرىغان ھەمدە ئۇ سەۋەپلىك ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن نەرسىدۇر،ئۇ دەيدۇ:

بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەيىر قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار (36).[سۈرە نەھل:36]

ئەرەپ تىلىدىكى "ئۇبۇدىييەھ(قۇللۇق قىلىش)" دىگەن سۆز "تەئبىيد(باش ئەگدۈرۈش، بويسۇندۇرۇش)"سۆزىدىن كەلگەن."ئەببەدتۇ ئەتتەرىيق"دىگەن جۈملىنىڭ مەنىسى:"يولنى سىلىق ،مېڭىشقا ئاسان قىلدىم" دىگەن بولىدۇ. بەندىنىڭ ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشى ئىككى مەنىگە ،كەڭ ۋە تار مەنىگە ئىگە .ئەگەر مەن" قۇل" سۆزى بىلەن ئەلمۇئەببەد ،يەنى بويسۇندۇرۇلغۇچى دىمەكچى بولسام،بۇ كەڭ مەنىدە ،ئۈستۈنكى ۋە تۆۋەنكى ئالەمدىكى بارلىق تۈيغۇسى بار ۋە يوق، جانلىق ۋە جانسىز ،ھەركەتچان ۋە جىم، كاپىر ۋە مۆئمىن ، سالىھ ۋە پاسىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،چۈنكى بارلىق مەخلۇقات ئاللاھ تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ توختايدىغان چىكى بار.

ئەگەر مەن "قۇل" سۆزى بىلەن ئەلئابىد يەنى ،ئاللاھاقا ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغۇچى دىمەكچى بولسام، بۇنىڭ مەنىسى تار مەنىدە كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان پەقەت مۇئمىنلەرگىلا ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ھەقىقى قۇللىرى بولۇپ ،ئۇنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ،ئىلاھلىقىنى ھەمدە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى يالغۇز ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ قىلىدۇ،ئۇنىڭغا ھىچ نەرسىنى شىرىك قىلمايدۇ.ئاللاھنىڭ ئىبلىسنىڭ ھىكايىسىدە ئىيتقىنىدەك :

ئىبلىس ئېيتتى: پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا (گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن (39). ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن) (40). الله ئېيتتى: بۇ مەن ساقلاشقا تېگىشلىك توغرا يولدۇر (41). مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ

كۆچۈك يېتىدۇ) (42) .[سۈرە تاش:39-42]

ئاللاھ بىزلەرگە بۇيرىغان ئىبادەتكە كەلسەك،بۇ سۆز ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ۋە خۇرسەن بولىدىغان سۆزلەر ۋە ئىش-ھەركەتلەرنى،ئاشكارا ۋە يۇشۇرۇن ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى ھەرقانداق نەرسىدىن مۇستەسنادۇر.بۇ ئىككى گۇۋاھلىق سۆزى،ناماز ،ھەج، روزا، ئاللاھ ئۈچۈن جەڭ (جىھاد) قىلىش،ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھەمدە ئاللاھقا ،پەرىشتىلەرگە ،ئەلچىلەرگە،ۋە ئۇ دۇنياغا ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.بۇ ئىبادەتنىڭ ئاساسى ساپ نىيەتتۇر،شۇڭا ئىبادەت قىلغۇچىنىڭ نىشانى ئاللاھنىڭ يۈزىنى(رازىلىقىنى) ھەمدە ئۇدۇنيادىكى ئۆيىنى ئىزدەش بولۇشى كىرەك.

ئاللاھ دەيدۇ :

پاكلىنىش ئۈچۈن مال- مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدىغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى ئوتتىن) يىراق قىلىنىدۇ (17–18). ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر (19–20). ئۇ (يەنى ئېھسان قىلغۇچى ئادەم) (پەرۋەردىگارىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىدىن) چوقۇم رازى بولىدۇ (21).[ سۈرە كىچە:17–21].

شۇڭلاشقا ،نىيەتنىڭ ساپ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم، سەمىمىيەتمۇ ھەم.شۇڭا مۇئمىنلەر ئاللاھ بۇيرىغان نەرسىگە ئەگىشىشكە ، ئۇ چەكلىگەن نەرسىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ،ئاللاھ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ھازىرلايدۇ، ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقنى تاشلايدۇ،ھەمدە كۆڭۈل خاھىشلىرىغا ئەگىشىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ،ئاللاھ ئېيتىدۇ :

ئى م�مىنلەر! الله دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.[ سۈرە تەۋبە :119].

ۋە شۇنىڭدەك پەيغەمبەرگە(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئەگىشىشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر، شۇندا ئىبا دەت قىلغۇچى مەخلۇقنىڭ خاھىشى ياكى يېڭىلىشى بويىچە ئەمەس ،بەلكى ئاللاھنىڭ بەلگىلەپ بەرگىنى بويىچە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) كە ئەگىشىشتىكى مەقسەت.ساپ نىيەتلىك بولۇش، سەمىمىي بولۇش ھەمدە پەيغەمبەرگە ئەگىشىشنىڭ ھەممىسى نا ھايىتى زۆرۈردۇر. بۇ نەرسىلەر چۈشىنىشلىك بولغاندا ،بۇ زۆرۈر نەرسىلەرگە قارشى ھەر قانداق نەرسە ،يەنى كىشىلەرگە قۇللۇق قىلىش ئايدىڭ بولىدۇ.شۇڭا رىياخورلۇق كىشىلەرگە قۇللۇق قىلىشنىڭ بىر شەكلى؛ شىرىك كىشىلەرگە قۇللۇق قىلىشنىڭ بىر شەكلى؛ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا سەل قاراش ،كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارنى غەزەپلەندۈرۈش كىشىلەرگە قۇللۇق قىلىشنىڭ بىر شەكلى. ئۆزىنىڭ نەپسى-خاھىشىغا ئەگىشىشنى پەرۋەردىگارغا بويسۇنۇشنىڭ ئالدىغا قويۇۋالىدىغان ھەرقانداق ئادەم ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش چىگرىسىدىن يىراقلاشقان ھەمدە توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كەتكەندۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : "تىللانىڭ قۇلىنى پالاكەت باستى ،يامبۇنىڭ قۇلىنى پالاكەت باستى،نەپىس كىيىمنىڭ قۇلىنى پالاكەت باستى، دۇخاۋىنىڭ قۇلىنى پالاكەت باستى.ئۇنىڭغا بىر نەرسەبىرىلسە خۇش بولىدۇ، ئەگەر بىرىلمىسە خاپا بولىدۇ.ئۇنى پالاكەت باستى! ئەگەر ئۇنىڭغا بىر تال تىكەن كىرىپ كەتسە ئۇنى ھەرگىز ئىلىۋىتەلمەيدۇ."

ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش -شەرەپ، ھەرگىزمۇ خارلىق ئەمەستۇر،خۇددى شائىر ئىيتقاندەك:

مىنىڭ ھۆرمىتىم ۋە ئىزىتىمنى ئاشۇردى بىر نەرسە.شۇنىڭ بىلەن قەدىمىم يەتتە قىز يۇلتۇزىغا يىقىنلاشتى . ئۇبولسىمۇ مەن سىنىڭ "ئى مىنىڭ قۇللىرىم"دىگەن سۆزۈڭنىڭ ئىچىدە بولدۇم ھەمدە سەن ئەھمەدنى پەيغەمبىرىم قىلدىڭ."
ئاللاھتىن بىزنى سالىھ قۇللىرى ئىچىدە قىلىشىنى سورايمىز. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنى تەرىپلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن.